بسم الله الرحمن الرحيم

# ئىسلام ئاۋازى

## 25- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنْ تَتَّقُوا اللَّهَ يَجْعَلْ لَكُمْ فُرْقَانًا وَيُكَفِّرْ عَنْكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللَّهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيمِ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر الله تىن قورقساڭلار، الله سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرنى مەغپىرەت قىلىدۇ. الله كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر» (سۈرە ئەنفال 29- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

ئىبنى كەسىر رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى ئابباس رضي الله عنه، سۇددى، ئىكرىمە، زەھھاك، قەتادە، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە بەزى ئالىملار ﴿يَجْعَلْ لَكُمْ فُرْقَانًا﴾ <الله سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ> دېگەن ئايەت ھەققىدە: <الله سىلەرگە چىقىش يولى ئاتا قىلىدۇ> دەيدۇ. يەنە بىر نەقىلدە ئىبنى ئابباس رضي الله عنه: <الله سىلەرگە نىجاتلىق ئاتا قىلىدۇ> دەيدۇ. باشقا يەنە بىر نەقىلدە ئىبنى ئابباس رضي الله عنه: <الله سىلەرگە غەلىبە ئاتا قىلىدۇ> دەيدۇ. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق: <الله سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ> دەيدۇ. ئىبنى ئىسھاقنىڭ بۇ تەپسىرى يۇقىرىدىكى تەپسىرشۇناسلار قىلغان تەپسىر مەزمۇنىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ چۈنكى كىمكى الله نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاش، توسقان ئىشلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق الله تىن قورقسا؛ الله ئۇنىڭغا ھەق بىلەن باتىلنى تونۇشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەنە شۇ غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكى، دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن چىقىش يولى ۋە نىجاتلىق تاپقانلىقىدۇر ھەمدە قىيامەت كۈنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشكەنلىكىدۇر. الله ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ، ئەيىبلىرىنى كىشىلەردىن يوشۇرىدۇ شۇنداقلا ئۇ الله تعالى نىڭ كاتتا ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَآمِنُوا بِرَسُولِهِ يُؤْتِكُمْ كِفْلَيْنِ مِنْ رَحْمَتِهِ وَيَجْعَلْ لَكُمْ نُورًا تَمْشُونَ بِهِ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ <ئى (مۇساغا ۋە ئىساغا) ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! الله تىن قورقۇڭلار، الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ﷺ گە) ئىمان كەلتۈرۈڭلار؛ الله سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ، سىلەرگە سىلەر (ئاخىرەتتە پىلسىراتتا) ماڭىدىغان نۇرنى پەيدا قىلىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، الله بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر> (سۈرە ھەدىد 82- ئايەت)» («مۇختەسەر ئىبنى كەسىر»دىن ئېلىندى).

ئىمام تەبەرى بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىرلەيدۇ:

«ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر!» يەنى الله ۋە رەسۇلىنى تەستىقلىغانلار!

«ئەگەر الله تىن قورقساڭلار» — يەنى الله قا ئىتائەت قىلىش ۋە پەرزلىرىنى ئادا قىلىش، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن يىراق تۇرۇش بىلەن؛ الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە خىيانەت قىلىشنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلىشنى تاشلاش بىلەن تەقۋالىق قىلساڭلار.

«الله سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ» — يەنى الله نىڭ دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى سىلەرگە ياردەم بېرىشى ۋە سىلەرگە غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلىشى بىلەن سىلەرگە يامانلىق ئىزدەيدىغان كىشىلەرگە قارىتا سىلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىڭلارنى ئايرىپ بېرىدىغان پاسىلنى ئاتا قىلىدۇ.

«گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرىدۇ» — يەنى سىلەر بىلەن الله نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىلگىرى ئۆتكەن گۇناھلىرىڭلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ.

«سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ» — يەنى گۇناھلىرىڭلارنى يۆگەيدۇ، ئاندىن ئۇ سەۋەبلىك سىلەرنى جازالىمايدۇ.

«الله كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر» — يەنى الله سىلەرنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچى كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر («تەپسىر تەبەرى»دىن ئېلىندى).

سەييىد قۇتۇب رحمه الله بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «الله قا تەقۋالىق قىلىش بولسا بىر ئوزۇق بولۇپ، ئۇ ھەق يولنىڭ تەييارلىقىدۇر. تەقۋالىق ئوزۇقى قەلبنى تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئويغىتىدۇ ھەمدە تولۇق ئېھتىيات قىلىش ئاپپاراتلىرىنى تولۇقلايدۇ. ئۇ كۆز يەتكۈچىلىك مۇساپىدىكى يولنىڭ چىغىرلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەگرى-بۈگرىلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھىدايەت نۇرىدۇر. بىر كىشى تەقۋالىق ئوزۇقى بىلەن ئوزۇقلانغاندا، ئۇ كىشىنى شەيئىلەرگە قارىتا توغرا ۋە ئومۇمىي كۆرۈشتىن توسۇپ قالىدىغان شۈبھىلىكلەر قاپلىيالمايدۇ. ئۇ — خاتالىقلارنى مەغپىرەت قىلىش ئوزۇقىدۇر، تەمكىنلىك ۋە خاتىرجەملىكنى ھاسىل قىلىدىغان ئارامدىللىق ئوزۇقىدۇر ھەمدە ياخشى ئەمەللەر يېتىشمەي ئوزۇق-تۈلۈكلەر تۈگەپ كەتكەن كۈندە الله نىڭ كاتتا پەزلىتىدىكى ئۈمىد ئوزۇقىدۇر.

شۈبھىسىزكى، الله قا تەقۋادارلىق قىلىش بولسا ئىنسان قەلبىگە يولنىڭ توساقلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان بىر ھىدايەت نۇرى بولۇپ، بۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىي تېتىغان كىشىلەرلا تونۇيالايدۇ. بۇ ھەقىقەتنىڭ تەمىنى ئۇنى تېتىپ باقمىغان كىشىگە سۈپەتلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر قەلبىدە تەقۋادارلىق قارار ئالسا، ئەقىل نۇرلىنىپ ھەقىقەت روشەن بولىدۇ، يوللار ئېچىلىدۇ، قەلب خاتىرجەم بولۇپ راھەت ئالىدۇ ۋە قەدەملەر ھەق يول ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدۇ» («فى زىلال قۇرئان تەپسىرى»دىن ئېلىندى).

✽✽✽✽✽✽✽✽✽✽

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

سوئال: پەرىشتىلەرنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

جاۋاب: ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ:

پەرىشتىلەر مەۋجۇتتۇر، ئۇلار ئاسماندا تۇرىدۇ. ئۇلار يوشۇرۇن كۈچ ئەمەس بەلكى ئۇلار ھەقىقىي گەۋدىگە ئىگىدۇر. ئۇلار يارىتىلغان بەندىلەر بولۇپ، الله تعالى ئۇلارنى نۇردىن ياراتقان. ئۇلار ئادەم عليه الصلاة والسلام يارىتىلىشتىن ئىلگىرى يارىتىلغان. پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلىش شەكلى كاتتىدۇر. پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدە ئىككى قاناتلىق پەرىشتىلەر، ئۈچ قاناتلىق پەرىشتىلەر، تۆت قاناتلىق پەرىشتىلەر بار ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قاناتلىق پەرىشتىلەر بار. جىبرىئىل عليه الصلاة والسلام نىڭ 600 قانىتى بارلىقى، ھەربىر قانىتىنىڭ ئۇپۇقنى ياپالايدىغانلىقى دەلىل بىلەن سابىتتۇر.

پەرىشتىلەر كاتتا كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلار الله نىڭ قوشۇنلىرىدىن بولغان بىر قوشۇندۇر بەلكى ئۇلار الله تعالى نىڭ ئەڭ كاتتا قوشۇنىدۇر. ئۇلار الله تعالى رۇخسەت قىلغان ھالەتلەرنىڭ تەقەززاسى بويىچە باشقا شەيئىلەرنىڭ سۈرىتىگە كىرىشكە ۋە باشقا جىسمانىي شەكىللەردە ئېپادىلىنىشكە قادىردۇر. ئۇلار ھەرىكەتلىنىدۇ، ئۈستۈن تەرەپكە ئۆرلەيدۇ ۋە زېمىنغا چۈشىدۇ.

پەرىشتىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنى الله عَزَّ وَجَلَّ دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ ۋە ساناپ تۈگىتەلمەيدۇ، الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا يَعْلَمُ جُنُودَ رَبِّكَ إِلَّا هُوَ وَمَا هِيَ إِلَّا ذِكْرَى لِلْبَشَرِ﴾ «پەرۋەردىگارىڭنىڭ قوشۇنىنى (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ يارىتىلىشتىكى چوڭلۇقىنى) پەقەت الله ئۆزى بىلىدۇ، بۇ (يەنى الله بايان قىلغان دوزاخ) پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر» (سۈرە مۇددەسسىر 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

پەرىشتىلەر بولسا الله تعالى ئۆزىگە يېقىن قىلغان ۋە ھۆرمەتلىك قىلغان بەندىلەردۇر. ئۇلار ئەرلىك ياكى ئاياللىق بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ، نىكاھلانمايدۇ ۋە نەسىل قالدۇرمايدۇ، يېمەيدۇ ۋە ئىچمەيدۇ، ئۇلار الله تعالى غا ئىبادەت قىلىشتىن زېرىكمەيدۇ، بوشىشىپ قالمايدۇ ۋە چارچاپ قالمايدۇ. ئۇلار گۈزەللىك، ھايا ۋە ئىنتىزام بىلەن؛ توغرا بولغان ئەمەللەر بىلەن ۋە ماختاشقا لايىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىدۇ.

پەرىشتىلەر الله تعالى دىن قورقىدۇ، ئۇلار الله تعالى غا كېچە-كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە يەتتىنچى ئاسماندىكى بەيتۇلمەئمۇرنى تاۋاپ قىلىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِي سعيد: أَنَ نَاسا من الْأَنْصَار سَأَلُوا رَسُول الله ﷺ فَأَعْطَاهُمْ، ثُمَّ سَأَلُوهُ فَأَعْطَاهُمْ حَتَّى نفد مَا عِنْده، فَقَالَ لَهُم حِين أنْفق كل شيءٍ بِيَدِهِ: «مَا يكن عِنْدِي من خير فَلَنْ أدخره عَنْكُم، وَمن يستعفف يعفه الله، وَمن يسْتَغْن يغنه الله، وَمن يتصبر يصبره الله، وَمَا أعطي أحدٌ عطاءٌ خيرا وأوسع من الصَّبْر».

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ سەئىد رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «ئەنسارىلاردىن بىر توپ كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ دىن بىر نەرسە بېرىشنى سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ بەردى. ئۇلار يەنە سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ يەنە بەردى ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا بەرگۈدەك نەرسە قالمىدى. پەيغەمبەر ﷺ قولىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا: <مەن ئۆزۈمدىكى ياخشى نەرسىلەرنى سىلەردىن ھەرگىز ئايىمايمەن، كىمكى ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلسا، الله ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ؛ كىمكى بىھاجەت بولۇشنى تەلەپ قىلسا، الله ئۇنى باي قىلىدۇ؛ كىمكى سەۋرچان بولۇشنى تەلەپ قىلسا، الله ئۇ كىشىگە سەۋر ئاتا قىلىدۇ؛ ئادەمگە سەۋردىنمۇ كاتتىراق ياخشىلىق بېرىلمىدى> دېدى» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

پەيغەمبەر ﷺ دىن تاپالايدىغان بىرەر نەرسە سورالسا شۇ نەرسىنى بېرىشى — ئۇنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەخلاقلىرىنىڭ بىرى ئىدى. سورىغۇچىنى قۇرۇق قول قايتۇرۇش پەيغەمبەر ﷺ دىن ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان. پەيغەمبەر ﷺ ئاتا-ئېھسان قىلاتتى، پېقىرلىقتىن قورقمايتتى، ئۆز ئۆيىدە پېقىر ھالەتتە ياشايتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ئاچلىقتىن قورسىقىغا تاش تېڭىۋالاتتى. دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنىڭ ئەڭ سېخىيسى ۋە شىجائەتلىكى ئىدى. يېنىدىكى نەرسىلەرنى تاكى تۈگەپ قالغۇچە ئايىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئىپپەتلىك، بىھاجەتلىك، سەۋرچانلىققا قىزىقتۇرۇپ: «كىمكى ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلسا، الله ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ؛ كىمكى بىھاجەت بولۇشنى تەلەپ قىلسا، الله ئۇنى باي قىلىدۇ؛ كىمكى سەۋر تەلەپ قىلسا، الله ئۇنى سەۋرلىك قىلىدۇ» دېدى.

بىرىنچى، «كىمكى ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلسا، الله ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ» دېگەن — ئىپپەتلىك بولۇشقا ئالاقىدار ئىشلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگەشكەن كىشى جەزمەن ھالاك بولىدۇ. كىمكى ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگەشسە ۋە نامەھرەم ئاياللاردىن ئۆزىنى تارتمىسا ھالاك بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان ھايالىق بولمىسا كۆز، قۇلاق، پۇت ۋە قول زىناسىدىن باش تارتالمايدۇ-دە، ئەۋرەت زىناسىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر ئىنسان يۇقىرىقىدەك ئىشلاردىن ئۆزىنى ئىپپەتلىك تۇتسا، الله ئۇنى ۋە ئەھلى-بالىلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ. (الله يامان ئىشلاردىن ساقلىسۇن!)

ئىككىنچى، «كىمكى بىھاجەتلىكنى تەلەپ قىلسا، الله ئۇنى بىھاجەت قىلىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى — كىمكى ئىنسانلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلەردىن بىھاجەت بولۇشنى تەلەپ قىلسا، الله ئۇ كىشىنى باي قىلىۋېتىدۇ ئەمما ئىنسانلاردىن سورىسا ۋە ئۇلارنىڭ قېشىدىكى نەرسىگە موھتاج بولسا، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىنىڭ قەلبى پېقىرلىققا چۈشۈپ قېلىپ باي بولالمايدۇ. (الله بۇنىڭدىن ساقلىسۇن!) ھەقىقىي بايلىق قەلب بايلىقىدۇر.

ئۈچىنچى، «كىمكى سەۋرچان بولۇشنى تەلەپ قىلسا، الله ئۇ كىشىگە سەۋر ئاتا قىلىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى — الله ساڭا ھارام قىلغان نەرسىدىن ئۆزۈڭنى توختاتساڭ، ھاجەت ۋە پېقىرلىقتىن بولغان نەرسىلەرگە سەۋر قىلساڭ، كىشىلەردىن ھايا قىلىپ سورىمىساڭ، ئاندىن الله سېنى سەۋرچان قىلىپ، ساڭا ياردەم قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «ئادەمگە سەۋردىنمۇ كاتتىراق ياخشىلىق بېرىلمىدى».

(ئاخىرى 2- بەتتە)



ئىسلام ئاۋازى
25- سان ھىجرىيە: 1438/09/01 مىلادىيە: 2017/05/26




■ 5- ئاينىڭ 14- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پەرۋان ۋىلايىتى بەگرام رايونىدا تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ تانكىسىغا قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 4 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 5- ئاينىڭ 14- كۈنى سۈرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتى ماساسانا رايونىدا بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە ئەسكەر توشۇپ كېتىۋاتقان ماشىنىسى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز تەرىپىدىن قويۇلغان مىناغا چۈشۈپ پارتلاپ، ماشىنا ئىچىدىكى ئەسكەرلەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 5- ئاينىڭ 14- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھىرات ۋىلايىتىدە بىر نەپەر ئىستىخبارات مەسئۇلىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 5- ئاينىڭ 17- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى «مەنسۇر ئەمەلىيەتلىرى» جەريانىدا ئافغانىستاننىڭ ھىلمەند ۋىلايىتى نەد ئەلى رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 22 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان، 7 ئورۇندىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى مۇجاھىدلار قولىغا ئۆتكەن.

■ 5- ئاينىڭ 17- كۈنى سومالىنىڭ پايتەختى موقدىشۇنىڭ ۋادجېر رايونىدا سومالى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ 5 نەپەر مىنا تازىلاش مۇتەخەسسىسلىرى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز تەرىپىدىن قويۇلغان مىنانى تازىلاش جەريانىدا جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 5- ئاينىڭ 19- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ زابۇل ۋىلايىتى شاجو رايونىدا 4 ئورۇندىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتھ قىلغان، نەتىجىدە 35 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان، 15 نەپىرى يارىلانغان.

■ 5- ئاينىڭ 19- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ غەزنى ۋىلايىتىدىكى ۋاغىز ۋە داياك قاتارلىق بىر قانچە رايونلىرىدا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ۋاغىز رايونى فەتھ بولغان. ئومۇمىي جەڭ نەتىجىسى بولسا 53 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرى ئۆلۈپ، 63 نەپىرى يارىلانغان، 7 دانە تانكىسى ۋەيران بولغان.

■ 5- ئاينىڭ 22- كۈنى كەچتە ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ شىبىلى سەفلا ۋىلايىتىدىكى مورى، ئېيل ۋەرىقۇ ۋە بىلال قاتارلىق بىر قانچە ئورۇنلىرىدا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 15 كە يېقىن مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 5- ئاينىڭ 22- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ بادغىس ۋىلايىتى دارابوم رايونىدىكى مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بىر كۈن قاتتىق ھۇجۇم قىلىش نەتىجىسىدە، 23- چېسلا دارابوم رايونىدىكى بىر ساقچى مەركىزى، بىر ئەسكىرىي بازا ۋە 7 ئورۇندىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى مۇجاھىدلار قولىغا ئۆتكەن، 10 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان، قالغانلىرى قېچىپ كەتكەن.

■ 5- ئاينىڭ 23- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان ۋىلايىتى تاغاپ رايونىدا 2 ئورۇندىكى ئەسكىرىي نۇقتىنى فەتھ قىلغان، نەتىجىدە 21 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 5- ئاينىڭ 23- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قەندەھار ۋىلايىتى ئارغانداپ رايونىدىكى بىر چوڭ ئەسكىرىي بازىنى فەتھ قىلغان، نەتىجىدە 35 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان، 4 نەپىرى ئەسىر ئېلىنغان. 3 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋە كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن.

■ 5- ئاينىڭ 23- كۈنى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسى يەمەننىڭ مەئارىب رايونىدا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزغا قارشى ھاۋادىن ئەسكەر تاشلاش ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاشلا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزدىن ئېغىر زەربىلەرنى يېگەن.

■ 5- ئاينىڭ 24- كۈنى ئامېرىكا تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى ۋە مۇرتەد ئەسكەرلەر ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىدىكى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز تۇرۇۋاتقان رايونلارغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قەدەم قىلىشى بىلەن بۇ شەيتان قوشۇنلىرى خار ھالەتتە ئارقىغا چېكىنگەن، نەتىجىدە بىر دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋە بىر دانە تانكا پاچاقلاپ تاشلانغان ھەمدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر نەپەر گېنېرالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 19 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان. بۇ زىيانلارغا چىدىمىغان ئامېرىكا ئارمىيىسى مۇجاھىدلارغا قايتىدىن ھۇجۇم قىلىش مەقسىتىدە ھاۋا ھۇجۇمى ئېلىپ بارغان. الله نىڭ ياردىمى بىلەن ئامېرىكا ئارمىيىسى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ نۇقتىلىرىنى خاتا بومباردىمان قىلىش نەتىجىسىدە 37 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلگەن.

■ 5- ئاينىڭ 24- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جالىسە رايونىدا كېنىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 5 نەپەر ساقچى مەسئۇلى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 5- ئاينىڭ 24- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيىنىڭ لەفى رايونىدا ماندىرا رايونى ھاكىمىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 7 نەپەر كېنىيە ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| طَبِيْبٌ | دوختۇر، تېۋىپ | الطَّبِيبُ يَفْحَصُ المَرِيضَ | دوختۇر كېسەل تەكشۈرىدۇ |
| سَرِيْرٌ | كارۋات | المَرِيضُ يَنَامُ عَلَى السَّرِيرِ | بىمار كارۋاتتا ئۇخلايدۇ |
| مِشْرَطٌ | ئوپېراتسىيە پىچىقى | يَتَنَاوَلُ الطَّبِيبُ المِشْرَطَ | دوختۇر ئوپېراتسىيە پىچىقىنى ئېلىۋاتىدۇ |
| دَوَاءٌ | دورا | المَرِيض يَتَنَاوَلُ الدَّوَاءَ | بىمار دورا يەيدۇ |
| يَفْحَصُ | تەكشۈرىدۇ | الطَّبِيبُ يَفْحَصُ العَيْنَ | دوختۇر كۆز تەكشۈرۈۋاتىدۇ |
| يَتَنَاوَلُ | ئالىدۇ، يەيدۇ | المَرِيض يَتَنَاوَلُ الدَّوَاءَ | بىمار دورا يەيدۇ |
| يُمسِكُ | تۇتۇپ تۇرىدۇ، توختىتىدۇ | الطَّبِيبُ يُمْسِكُ السَّمَّاعَةَ | دوختۇر يۈرەك تىڭشىغۇچنى تۇتىدۇ |
| نَوْمٌ | ئۇخلاش | الصَّلَاةُ خَيْرٌ مِنَ النَّوْمِ | ناماز ئۇيقۇدىن ياخشى |
| عَيْنٌ | كۆز | العَيْنُ مَرِيْضَةٌ | كۆز ئاغرىق |
| فَمٌ | ئېغىز | الفَمُ يَتَكَلَّمُ | ئېغىز سۆزلەيدۇ |
| أَنْفٌ | بۇرۇن | الأَنْفُ يَتَنَفَّسُ | بۇرۇن نەپەس ئالىدۇ |
| قَلْبٌ | يۈرەك | القَلْبُ يَنْبِضُ | يۈرەك سوقۇۋاتىدۇ |

# ئائىلىكى رېتسېپلار

### بىرگە يېيىشكە بولمايدىغان يېمەكلىكلەر

كالا سۈتى بىلەن شاكىلات: كالا سۈتى تەركىبىدىكى كالتسىي بىلەن شاكىلات تەركىبىدىكى ئوكسالىك كىسلاتاسى بىرىكىپ كالتسىيلىق ئوكسالىك كىسلاتاسى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ خىل ماددا چاچنى قۇرغاقلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەمدە بۇ ئىككىسىنى تەڭ ئىستېمال قىلغاندا، كالتسىي كەملىك ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش ئاستا بولۇش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

شېكەر جەۋھىرى بىلەن تۇخۇم ئېقى: شېكەر جەۋھىرى بىلەن تۇخۇم ئېقىنى بىرلەشتۈرۈپ يېگەندە زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئېغىر بولغاندا ئۆلۈپ كېتىش خەۋپىمۇ بار.

نەشپۈت بىلەن قايناقسۇ: نەشپۈت يەپ قايناقسۇ ئىچكەندە ئىچ سۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ياڭيۇ بىلەن بانان: ياڭيۇ بىلەن باناننى بىرگە يېگەندە يۈزدە داغ پەيدا بولىدۇ.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

# سەبىيلەر سەھىپىسى



1. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

قۇياش چىقسا شەرقتىن،
ئۇ قارايدۇ شەرققە.
ئەگىشىپ ئۇ قۇياشقا،
كەچتە قارار غەربكە.
چېچەكلىرى ساپسېرىق،
يۈزى ئۇنىڭ توقاچ نان.
پەرۋىش قىلساڭ قانچىلىك،
بېرەر ساڭا شۇنچە دان.
تېپىڭ شۇڭا دوستلىرىم،
تېپىشماقتا كىم يامان.

2. «ئاسمان»نىڭ ئاخىرى نېمە؟



ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:
1. «رىسىمدىكى» دېگەن خەتتىكى «ە» ھەرپى چۈشۈپ قالغان.
2. ھەسەل ھەرىسى.

(بېشى 1- بەتتە)

ئەگەر الله ئىنسانغا سەۋر ئاتا قىلسا، ئۇ ئىنسانغا بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ كاتتىسىدۇر. شۇڭلاشقا سەۋرلىك كىشى گەرچە كىشىلەر تەرىپىدىن ئەزىيەتكە ئۇچرىسىمۇ ياكى ئۇلاردىن زۇلۇمغا ئوخشاش ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەرنى ئاڭلىسىمۇ قەلبى خاتىرجەم بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ بىئارام بولمىغانلىقى ۋە غەزەبلىنىپ كەتمىگەنلىكىنى ئۇچرىتىسەن. («شرح رياض الصالحين»دىن ئېلىندى).

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

تۆتىنچى، ئىجتىھاد ئەھلى ئىجتىھاد قىلىپ (يەنى پۈتۈن ئىقتىدارىنى چىقىرىش بىلەن بىرگە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەي ۋە سەل قارىماي) توغرا قىلسا ئىككى ئەجىر، خاتا قىلسا بىر ئەجىر بولىدىغانلىقى؛ خاتا كەتكەنلەرنى ھۆججەت تۇرغۇزماي تۇرۇپ جازالاشقا بولمايدىغانلىقى. ئىجتىھاد ئەھلى ئىككى خىل بولۇپ: بىرى، شەرئىي ئىلىم ئىگىلىرى بولغان فەقىھ مۇجتەھىدلەر؛ يەنى بىرى، دۇنياۋىي ئىلىم (يەنى دوختۇرلۇق، ئەسكىرىي ئىشلار... دېگەنگە ئوخشىغان كەسپىي ساھەلەر) ئىگىلىرى. دېمەك، كەسپ ئەھلى ئەمەس كىشى زۆرۈرىيەتسىز ھالدا ئىجتىھاد قىلىپ توغرا قىلسۇن ياكى خاتا قىلسۇن گۇناھكار بولىدۇ چۈنكى ئەھلى بولمىغان كىشى ئۆزى بىلمەيدىغان ياكى بىلسىمۇ چالا بىلىدىغان نەرسىگە قول تىقىشى ئامانەتنى ئەھلىگە تاپشۇرمىغانلىق، كاززابلىق ۋە سەل قارىغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچى، ئەسىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىجتىھادلىق مەسىلە بولۇپ، بۇنى ئەمىردىن باشقىلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىش ھەققى يوقتۇر. ئەمىر بۇ مەسىلىدە پايدىلىق دەپ قارىغان پىكىرنى يۈرگۈزۈشكە ھوقۇقلۇق.

ئالتىنچى، يۇقىرىقى ھەدىس بىر قىسىم ئالىملارنىڭ نەزىرىدە زەئىپتۇر لېكىن سەھىھ بولغان تەقدىردىمۇ بۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ ھازىرقى كۇفۇر ياكى پاسىقلىق ئەۋج ئالغان جاھىلىيەت مەكتەپلىرىدە باللارنى ئوقۇتۇش ھارامدۇر لېكىن ئاتا-ئانىلار ياكى بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلار ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالمىغان ۋە مەكتەپتە ئوقۇتمىسا تۇرمىگە سولايدىغان ئەھۋال ئاستىدا باللىرىنى قاتتىق نازارەت قىلىپ تۇرۇش ۋە ئۇ يەردە ئوقۇتۇشقا رازى بولماسلىق شەرتى بىلەن ئوقۇتۇش بۇنىڭدىن مۇستەسنا چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇسۇلمان بالىلارنى كاپىرلارنىڭ قولىدا ساۋاتىنى چىقارغانلىقىدىن كاپىر ياكى پاسىقلارنىڭ قولىدا دىنغا ئالاقىدار ياكى ئىجتىمائىي پەنگە ئالاقىدار ئىلىم (يەنى تارىخ، ئەخلاق... دېگەندەك)لەرنى ئۆگىنىشنىڭ دۇرۇسلۇقى چىقمايدۇ شۇنداقلا بالىلىرىغا كاپىر ئۇستاز تېپىپ بېرىپ: «بالىلىرىمىزنى ئۇلۇق تەربىيىلەمدۇ ياكى تەتۈر تەربىيىلەمدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كارىمىز يوق» دېگەنلىكى چىقمايدۇ چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرى ئەسىرگە چۈشكەن كاپىر ئوقۇتقۇچىلارنى ھەمدە باللىرىنىڭ ئەقىدە ۋە ئەخلاقىنى نازارەت قىلىپ تۇراتتى. بۇنىڭ دەلىلى: «ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر الله نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ» (سۈرە تەھرىم 6- ئايەت).

لېكىن، ئەركىن شارائىتلاردا مۇسۇلمان بالىلار كاپىرلاردىن تەبىئىي پەن (يەنى خەت يېزىش، ئەسكىرىي تېخنىكا... دېگەندەك) بىلىملىرىنى ئېلىش دۇرۇس. بۇنىڭ شەرتى: 1. ئۇ كاپىر ئوقۇتقۇچىلار مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىدە ۋە ئەخلاقىغا ئارىلىشىۋالمايدىغان ۋە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان بولۇش ھەمدە ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇلارنى چوڭ بىلىپ پىتىنلىنىپ كەتمەيدىغان بولۇش؛ 2. شۇ پەننى ئۆگىنىشكە مۇسۇلمانلار ئېھتىياج بولغان بولۇش ۋە مۇسۇلمان ئوقۇتقۇچىلار يېتىشمەي كاپىر ئوقۇتقۇچىلارغا ئېھتىياج بولغان بولۇش.

تولىمۇ ئەپسۇس، ھازىرقى دەۋردە جاھىلىيەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇش بولسا كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە «تەرەققىيات» ۋە «ئىلغارلىق» ھېسابلانماقتا. مانا بۇ — روھىي مەغلۇبىيەتچىلىك ۋە روھىي قۇللۇقتۇر چۈنكى جاھىلىيەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇمايمۇ نۇرغۇنلىغان ساۋاتلىق ۋە ئۆتكۈر پىكىرلىك مۇسۇلمان ياشلارنىڭ مەيدانغا كەلگىنىنى كۆرۈۋاتىمىز.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پەيغەمبەر تىبابىتى
# بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

### قوي گۆشى

ئۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىلىك ھۆل. ئۇنىڭ ئىككىنچى يىلىغا قەدەم قويغان بىر يىللىقى ناھايىتى ياخشىدۇر. ئۇ ھەزىمنى ياخشى قىلالايدىغان، ئادەمگە كۈچ قوشقۇچى بولۇپ، ياخشى قاننى پەيدا قىلىدۇ. سوغۇق ۋە مۆتىدىل مىزاجلارغا، تەنھەرىكەتچىلەرگە، سوغۇق پەسىل ۋە سوغۇق جايدا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمى بولىدۇ؛ سەۋدا مىزاجلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ، زېھىننى ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى كۈچلەندۈرىدۇ؛ قېرى ۋە ئورۇق قوي گۆشى زىيانلىقتۇر.

قارا قوشقارنىڭ گۆشى ناھايىتى يېيىشلىك، يەڭگىل، تەملىك ۋە مەنپەئەتلىكتۇر، پىچۋېتىلگىنى تېخىمۇ مەنپەئەتلىك ۋە ياخشىدۇر. سېمىز ھايۋاننىڭ گۆشى قىزىللىرى يەڭگىل ۋە ياخشى ئوزۇقلۇقتۇر. پاقلان گۆشىنىڭ ئوزۇقلۇقى ئاز بولۇپ ئاشقازاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. گۆشنىڭ ياخشىسى ئۇستىخانلىقىدۇر، ئوڭ تەرىپى سول تەرىپىدىن يەڭگىل ۋە ياخشىدۇر، باش تەرىپى قۇيرۇق تەرىپىدىن ياخشىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ قوينىڭ باش تەرىپىنى ياخشى كۆرەتتى، بېشىدىن باشقا باش تەرەپنىڭ ھەممىسى قۇيرۇق تەرەپكە قارىغاندا يەڭگىل ۋە ياخشىدۇر.

فەرەزدەق بىر ئادەمدىن گۆش سېتىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا: «گۆشنىڭ باش تەرىپىدىن بەر، بېشى بىلەن قورسىقىنى بەرمە، بارلىق كېسەللىك شۇ ئىككىسىدە» دېدى.

پاتاق گۆشى لەززەتلىك، يەڭگىل ۋە سىڭىشلىكتۇر. قول گۆشىمۇ يەڭگىل، لەززەتلىك ۋە ئەزىيەتتىن ئەڭ يىراقتۇر، ھەزىم بولۇشىمۇ تېزدۇر. ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قول گۆشىگە ئامراق ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

دۈمبە گۆشىنىڭ ئوزۇقلۇقى يۇقىرى، ياخشى قان ئىشلەپ چىقىرىدۇ. ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «دۈمبە گۆشى ئەڭ ياخشى گۆشتۇر» (3308- ھەدىس).




# قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزىنىڭ ساھابىلىرىگە بەزىبىر ئەمىرلەر ھەققىدە خەۋەر بېرىپ: «سىلەر ئۇ ئەمىرلەردىن ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى كۆرىسىلەر» دېدى. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداقتا ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچمايمىزمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ياق! ئەگەر ئۇلار ناماز ئوقۇسىلا (يەنى كاپىر بولمىسىلا) ئۇرۇش ئاچمايسىلەر» دەپ جاۋاب بەردى (مۇسلىم توپلىغان). يەنە بىر ھەدىستە ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئۇلارغا قىلىچ بىلەن قارشى چىقمايمىزمۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ياق! ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىللە نامازنى ئادا قىلسىلا (يەنى سىلەرگە قارشى خاۋارىج بولمىسىلا ياكى كاپىر بولمىسىلا) ئۇلارغا چېقىلمايسىلەر. ئەگەر ئەمىرلىرىڭلاردىن سىلەر ئۆچ كۆرىدىغان ئىشنى كۆرسەڭلار ئەمىرنىڭ ئۇ ئەمىلىنى يامان كۆرۈڭلار ئەمما ئۇنىڭغا (ياخشى ئىشلاردا) ئىتائەت قىلىشتىن قول ئۈزمەڭلار» (مۇسلىم توپلىغان).

دېمەك، خاۋارىجلارنىڭ ئۆزىدىن باشقا مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا چىقىرىشى — زالىم ھاكىملارنىڭ قېنى ۋە مېلىغا چېقىلىشقا سەۋەب بولغان. ماقۇل، ھاكىملارغا «زالىم بوپ كەتتى» دەپقۇ قارشى چىقسۇن، لېكىن نېمىدەپ شۇ ھاكىملارنىڭ زۇلمى ئاستىدىكى پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈش ياكى كاپىرغا چىقىرىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ؟! قاراڭ بۇلارنىڭ ھاماقاتلىقىگە!

ئۇلار ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رحمه الله نى ئادىل ۋە كىشىلەرنىڭ ئۈممەييە جەمەتىدىكى دەرتلىرىنى ئېلىپ بەرگەن خەلىپە دەپ ئىقرار قىلىپ تۇرۇقلۇق يەنىلا ئۇنىڭغا داۋاملىق قارشى چىققان. ئەسلىدە ئۇلار ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رحمه الله قا يارەملىشىپ كىشىلەر ئارىسىدا ئەمىنلىك ۋە ئادالەتنى كەڭ قانات يايدۇرۇشلىرى لازىم ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ خەلىپىگە قارشى چىقىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولسا بۇ خەلىپە ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنى (يەنى ئۈممەييە خەلىپىلىرىنى) كاپىرغا چىقارمىغان ۋە ئۇلارغا لەنەت قىلمىغانلىقىدۇر.

ئەسلى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رحمه الله نىڭ ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىغا لەنەت قىلىشقا ئۇنىماسلىقى بولسا خاۋارىجلارنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىشىغا سەۋەب بولماسلىقى كېرەك ئىدى. مەسىلەن، ئۆمەر ئىبنى ئابۇلئەزىز رحمه الله ئۇلار ئەۋەتكەن ئىككى ئەلچىدىن (بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ھەبەش، يەنە بىرى ئەرەب ئىدى): «سىلەرنىڭ بىزنى بۇنداق ئۆچ كۆرۈشۈڭلار ۋە بىزگە قارشى چىقىشىڭلارنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دەپ سورىغاندا، ھېلىقى ھەبەش ۋەكىل جاۋاب بېرىپ: «الله بىلەن قەسەم، بىز سېنىڭ ئەخلاقىڭ ۋە تەرجىمھالىڭنى ھەرگىزمۇ ئۆچ كۆرمەيمىز چۈنكى سەن ئادالەت ۋە ئېھساننى يۈرگۈزۈۋاتىسەن لېكىن بىز بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا بىر ئىش بار. ئەگەر مۇشۇ ئىشقا كەلسەڭ، بىز سەندىن، سەن بىزدىن؛ ئەگەر بۇنىڭغا كەلمىسەڭ، سەن بىزدىن ئەمەس، بىزمۇ سەندىن ئەمەس» دېدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رحمه الله ئۇنىڭدىن: «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ: «بىز ھەقىقەتەن سېنىڭ جەمەتىڭنىڭ ئىشلىرىغا مۇخالىپ ئىش قىلغانلىقىڭنى، جەمەتىڭنىڭ بۇ يامان ئىشلىرىنى زۇلۇم دەپ ئاتىغانلىقىڭنى ۋە ئۇلار ماڭغان يولغا قارشى يولدا ماڭغانلىقىڭنى كۆردۇق. ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى توغرا يول ئۈستىدە، جەمەتىڭدىكىلەرنى بولسا ئازغۇنلۇق ئۈستىدە دەپ دەۋا قىلىدىغان بولساڭ ئۇلارغا لەنەت قىلغىن ۋە ئۇلاردىن ئادا-جۇدا بولغىن. مانا بۇ سەن بىلەن بىزنى بىرلەشتۈرىدىغان ياكى ئايرىۋېتىدىغان ئىشتۇر» دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رحمه الله ئۇنىڭغا رەددىيە قايتۇرۇپ: «دەپ بېقىڭلارچۇ، گۇناھكارلارغا لەنەت قىلىش — قىلمىسا بولمايدىغان پەرز دەپ قەيەردە بار ئىكەن؟! ئەگەر ئۇ پەرز بولىدىغان بولسا سېنىڭ فىرئەۋنگە لەنەت قىلغىنىڭغا قانچە ئۇزۇن بولدى؟ دەپ باقىنا قېنى» دېگەندە، ئۇ: «مەن ئۇنىڭغا (يەنى فىرئەۋنگە) قاچان لەنەت قىلغانلىقىمنى ئەسلىيەلمەيمەن» دېدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رحمه الله ئۇنىڭغا: «ئىسست ساڭا! فىرئەۋن مەخلۇقات ئىچىدە ئەڭ رەزىل ۋە پاسىقىنا مەخلۇق تۇرسا، سەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا لەنەت قىلماي، مېنى جەمەتىمدىكىلەرگە لەنەت قىلىشقا ۋە ئۇلاردىن ئادا-جۇدا بولۇشقا ئۈندەيسەن؟! ئىسست سىلەرگە، سىلەر نېمىدېگەن نادان ۋە بىلىمسىز قەۋمسىلەر-ھە!؟» («مُرُوج الذهَب» 3- توم 200- بەتتىن 202- بەتكىچە).

### تۆتىنچى تېما: قەبىلە ئەسەبىيلىكى

ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا قەبىلىۋازلىق بەك كۈچلۈك ئىدى. ئىسلام نۇرى پارلىغان مەزگىلدە قەبىلىۋازلىق ئاۋازى يوشۇرۇنۇپ ۋە قۇۋۋىتى زەئىپلىشىپ بىر مەزگىل تىنجىپ قالدى لېكىن ئۇ كېيىنچە ئاستا-ئاستا باش كۆتۈرۈپ ئوسمان رضي الله عنه نىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە مۇستەھكەملىنىشكە باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇخىل ئەسەبىيلىك (يەنى مىللەتچىلىك ۋە يۇرتۋازلىق) ئەبۇبەكرى رضي الله عنه نىڭ خەلىپىلىكى باشلانغاندىن تارتىپ باش كۆتۈرۈشكە تەمشەلگەن. مەسىلەن، كىشىلەر بىرلىكتە ئەبۇبەكرى رضي الله عنه غا بەيئەت قىلغاندا ئەبۇ سۇفيان كېلىپ: «ئى ئابدۇماناف جەمەتى! الله بىلەن قەسەمكى، مېنىڭچە بۇ ئىش قان تۆكمىگىچە بېسىقمايدىغان توپىلاڭغا سەۋەب بولىدۇ، نېمىدەپ سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا ئەبۇبەكرى ئىگە بولغۇدەك، بوزەك قىلىنغان بىچارە ئەلى بىلەن ئابباس قېنى؟! ئى ئەبۇ ھەسەن (يەنى ئەلى رضي الله عنه نى دېمەكچى) قولۇڭنى ئاچ! ساڭا بەيئەت قىلاي» دېگەنىدى، ئەلى رضي الله عنه بۇنى رەت قىلىپ: «الله بىلەن قەسەمكى، سەن بۇنىڭ بىلەن پەقەت پىتنە (يەنى بۆلگۈنچىلىك) پەيدا قىلىسەن، الله بىلەن قەسەمكى، سەن بۇ يەردە ئىسلامغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇۋاتىسەن شۇڭا سېنىڭ نەسىھىتىڭگە ئېھتىياجىمىز يوق» دەپ قاتتىق تەگدى («تاريخ الطبري» 5- توم 209- بەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)



ئىسلام ئاۋازى
25- سان ھىجرىيە: 1438/09/01 مىلادىيە: 2017/05/26

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)






# پارتىزانلىق ئۇرۇشى

1962~1965- يىللىرى، ۋېيتنام

بۇ مەزگىللەردە، بۇ دۆلەت جەنۇبىي ۋېيتنام ۋە شىمالىي ۋېيتنامدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى. شىمالىي ۋېيتنامدىكى كوممۇنىست كۈچلىرىنىڭ رەھبىرى ۋۇ نيەن جياك بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى دۆلەتنى كوممۇنىست تۈزۈمدە بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىدى.




جەنۇبىي ۋېيتنامدىكى ئاساسلىق كۈچ ئامېرىكا ئارمىيىسى بولۇپ، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى ۋىلىيام ۋېست مورلەن ئىدى. ئۇ جياكنى توسۇش ۋە كوممۇنىزمنىڭ پۈتۈن دۆلەت تەۋەسىگە يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى.

1979~1989- يىللىرى، ئافغانىستان

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئافغانىستاننى بېسىۋالدى. نەتىجىدە، ئافغانىستان قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرى سوۋېت كاپىرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن بىرلەشتى. سوۋېت گېنېرالى ۋىكتور پوپۇتىن سوۋېت كاپىرلىرىنىڭ ئافغانىستاننى سوۋېت دائىرىسىگە قوشۇۋېلىشتىن ئىبارەت تاجاۋۇزانە ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئوڭۇشلۇق باستى. ئافغانىستان تاغلىرىدا




ھازىر «مۇجاھىدلار» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئافغانىستان قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرى سوۋېتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىشنى پىلانلىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەر ئىككى قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا سوۋېت ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت تاجاۋۇزچى دۆلەتلەر ئەڭ كۈچلۈك ئەسكىرىي تېخنىكىلىرىنى ئىشلەتتى. بۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسكىرىي كۈچى ۋە زامانىۋى قوراللىرى بار بولۇپ، ئەسكىرىي قۇۋۋىتى بىر-بىرىنى بىر نەچچە قېتىم ۋەيران قىلىشقا يېتەتتى.

بىراق ۋېيتنام ۋە ئافغانىستاندىكى ۋىلىيام ۋېست مورلەن ۋە ۋىكتور پوپۇتىنلار زامانىۋى ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى قوللانماستىن بەلكى نەچچە مىڭ يىللاردىن ئىلگىرىمۇ بار بولغان ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى.

«پارتىزانلىق ئۇرۇشى بولسا ئەڭ كونا ئۇرۇش تاكتىكىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ ئۇرۇش تاكتىكىسى ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغاندا قوللىنىلىدۇ. بۇ تۈردىكى ئۇرۇش كۈچلۈك تەرەپنى تۇزاققا دەسسىتىش ئارقىلىق ئاجىز تەرەپنىڭ ئەسكىرىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە چىقىۋېلىشىنى مەقسەت قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ» (ئامېرىكا ھەربىي مۇتەخەسسىسى ليود كلەك).

20- ئەسىردە پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئالاھىدە ئىش ئەمەس بەلكى ئادەتتىكى بىر ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسى بولۇپ قالدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە رايون خاراكتېرلىك ئۇرۇشلارنىڭ كۆپ قىسمى سوۋېت ۋە ئامېرىكىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك قوللىشى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى بىراق ۋېيتنام ۋە ئافغانىستاندا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلارغا بولسا ئامېرىكا ۋە سوۋېت بىۋاستە قاتناشتى.

ئۇلار بۇ ئۇرۇشتا پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ تۆۋەندىكى تەلەپلىرىنى ئورۇنداشقا مەجبۇر بولدى:

1. نىشان. پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قوزغىغان تەرەپ ۋە قارشى تەرەپ بۇ ئۇرۇشنىڭ سىياسىي ۋە ئەسكىرىي نىشانىنى چۈشىنىشى كېرەك.

2. خەلقنىڭ قوللىشى. ئۇرۇشقا قاتناشقۇچى تەرەپلەر ئۇرۇش قىلماقچى بولغان رايوندىكى خەلقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

3. قورۇش. ھەر قايسى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئارمىيىلىرىنى قورۇشى كېرەك.

4. خورىتىش. ھەر قايسى تەرەپ ئەسكىرىي «ئويۇن»لارنى ئويناش ئارقىلىق قارشى تەرەپنى خورىتىشى كېرەك.

5. بۇرۇلۇش. پۇرسەت كەلگەندە پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى چوڭ كۆلەمدىكى ئەنئەنىۋى ئۇرۇشقا ئۆزگەرتىشى كېرەك.

6. ئاغدۇرۇش. پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلغۇچى تەرەپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ، ئۇنىڭ كۈچىنى يوق قىلىشى كېرەك.

بۇ ئۇرۇشتا دۇچ كەلگەن يەنە بىر تەرەپ ئۇرۇشتا غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلغاندا پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى ۋەيران قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاساس قىلىدىغان پەلسەپىسىنى چۈشىنىپ يېتىشى كېرەك. 20- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۈز بەرگەن دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىدىكى ئۆزگىرىشلەردە، پارتىزانلىق ئۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرغان ئىشلار ۋە پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ پەلسەپىسىگە ئاساسەن پارتىزانلارنى مەغلۇپ قىلغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭغا گۋاتېمالا، كولۇمبىيە، پېرۇ، لىۋىيە، ئالجىرىيە، چېچېنىيە، موزامبىك، سىرلانكا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلار مىسال بولالايدۇ.

1. نىشان

پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قىلغۇچىلار ۋە قارشى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ نىشانلىرىنى ئېنىق بىلىشى كېرەك. نىشان پەقەت قىسقا مەزگىللىك ئەسكىرىي نىشانىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن بەلكى ئۇزۇن مەزگىللىك سىياسىي نىشانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

1961- يىلى، ۋېيتنام

ئامېرىكىنىڭ دەسلەپكى نىشانى بولسا جەنۇبىي ۋېيتنام ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىش ئارقىلىق كوممۇنىست كۈچلىرىنى چەكلەش ئىدى بىراق ۋېيتنامدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشى بىر قانچە يىل بۇرۇن باشلانغان بولۇپ، 2- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ كوممۇنىستلار ۋېيتنامدىكى فرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى تاكتىكىسىنى ئىشلەتكەن ئىدى. بۇ ۋاقىتتا كوممۇنىستلارنىڭ مەقسىتى فرانسىيىنى قوغلاپ چىقىرىپ ۋېيتنامنى كوممۇنىستىك تۈزۈمدىكى بىر دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش بولغان. نەتىجىدە، ئىستراتېگىيە جەھەتتىن پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاساسى تىكلىنىپ بولغان ئىدى. 1953- يىلى كوممۇنىستلار فرانسىيىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، جەنۋە تىنچلىق يىغىنى ئېچىلىۋاتقان بولۇپ، يىغىندا ۋېيتنامنىڭ شىمالىي قىسمى كوممۇنىستلار كونتروللۇقىدىكى شىمالىي ۋېيتنام، جەنۇبىي قىسمى ۋېيتنام جۇمھۇرىيىتى دېگەن ناملاردا بۆلۈپ كونترول قىلىنىش قارار قىلىندى. فرانسىيە چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى سايگان رەھبەرلىكىدىكى جەنۇبىي ۋېيتنام كۈچلىرىنى قوللىدى ۋە بۇ قوللاش ئاخىرىدا جەنۇبىي ۋېيتنام بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ شىمالىي ۋېيتنام كوممۇنىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئايلاندى.

بۇ ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ نىشانلىرى ئېنىق بولۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ رەھبىرى ۋۇ نيەن جياك رەھبەرلىكىدىكى ۋېيتنام كوممۇنىستلىرىغا نىسبەتەن دۈشمەن يېڭى بولسىمۇ بىراق نىشان يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش، يەنى تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، دۆلەتنى كوممۇنىست تۈزۈمدە بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىدى.

جياكنىڭ دۈشمىنى بولغان ئامېرىكىغا نىسبەتەن شارائىت ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئامېرىكا دۇچ كەلگەن مەسىلە شىمالدىكى كوممۇنىزم ئىدىيىسىنىڭ جەنۇبقا تارقىلىشىنى چەكلەش شۇڭا گېنېرال ۋىلىيام ۋېست مورلەننىڭمۇ نىشانى ئېنىق بولۇپ دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مورلەن ئەسكىرىي كۈچتىكى چوڭ پەرق ئارقىلىق دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىش تاكتىكىسىنى تاللىۋالدى. ۋېست مورلەننىڭ تاكتىكىسىغا قارشى كوممۇنىستلاردىمۇ ئېنىق نىشان بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ قولىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق ئامالنى ئىشلىتىپ ئامېرىكىنى قوغلاپ چىقىرىش ئىدى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ۋېيتنامدىكى ئىككى تەرەپنىڭ ئېنىق نىشانلىرى بار ئىدى. سىياسىي جەھەتتىن خانوينىڭ پىلانى ۋېيتنامنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىدى بىراق ۋاشىنگتوننىڭ ۋېيتنامدىكى سىياسىي پىلانى ئېنىق ئەمەس ئىدى.

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئېلىپ بارغان ئافغانىستاندىكى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئېنىق ئەسكىرىي نىشانلىرى بار بولۇپ، ئافغانىستاننىڭ سوۋېت تاجاۋۇزچىلىرىنى قىزىقتۇرغان مۇھىم ئەۋزەللىكلىرىنىڭ بىرى بولسا ئافغانىستاننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقى شۇنداقلا ئۇنىڭ دۇنيانىڭ مۇھىم ئۆتۈشمە يولى بولغانلىقى ئىدى.

1979- يىللىرى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئافغانىستاننىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى ھەمدە مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتىپ ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە ياردەم بەردى شۇنداقلا يىل ئاخىرىدا بۇ قوللاش ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرىگە قارشى ئۇرۇشقا ئۆزگىرىپ كەتتى.

سوۋېتلارنىڭ بۇ ئۇرۇشنى باشلىشىدىكى نىشانى ئېنىق بولۇپ، خۇددى ئامېرىكا ھەربىي مۇتەخەسسىسى ليود كلەك ئېيتىپ ئۆتكەندەك: «سوۋېتنىڭ نىشانى ئافغانىستاننى ئىشغال قىلىپ، مۇستەملىكە زېمىننى ئوتتۇرا شەرققىچە ئۇزارتىش ئىدى. ئەگەر ئۇلار مەقسىتىگە يەتسە ئوتتۇرا شەرقنىڭ نېفىتلىرىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرالايتتى».

بۇ ئۇرۇشقا نىسبەتەن قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرىنىڭ نىشانىمۇ ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا سوۋېت تاجاۋۇزچىلىرىنى كەلگەن يېرىگە قوغلىۋېتىش ئىدى. يىغىنچاقلىغاندا، ۋېيتنام ۋە ئافغانىستاندا ئېلىپ بېرىلغان ھەر ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا ھەر قايسى تەرەپ قوماندانلىرىنىڭ نىشانلىرى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

2. خەلقنىڭ قوللىشى

ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا ۋېيتنام ۋە ئافغانىستاندىكى ھەرقايسى تەرەپلەر بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان ئىككىنچى ئىش بولسا خەلقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. پارتىزانلىق ئۇرۇشىنىڭ مۇھىم باسقۇچلىرىنىڭ بىرى بولسا، ھەر قايسى تەرەپلەر ئۆزلىرى ئۇرۇش قىلىۋاتقان رايونلاردىكى خەلقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئىدى.

خەلقنىڭ قوللىشىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنىڭ بىر تىپىك مىسالى شىمالىي ئافرىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئالجىرىيىدىكى ئۇرۇش مەزگىلىدە كۆرۈلگەن بولۇپ، ئالجىرىيە بولسا فرانسىيىنىڭ كونا مۇستەملىكىسى ئىدى. 1954- يىلى 11- ئايدا ئالجىرىيە مىللىي ئازادلىق فرونتى فرانسىيىگە قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى باشلىدى. فرانسىيە قوشۇنى پارتىزانلاردىن 10 ھەسسە ئارتۇق بولۇپ، ئۇرۇش جەريانىدا پارتىزانلار ھۆكۈمەتكە ئالاقىدار نىشانلارغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ھۇجۇملاردا 123 كىشى ئۆلدى. بۇ ھۇجۇملارغا قارىتا فرانسىيە قاتتىق قوللۇق بىلەن جاۋاب قايتۇردى. فرانسىيىنىڭ دوكلاتىدا «پارتىزانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلاردا 1200 نەپەر پارتىزان ئۆلدى» دېيىلگەن بولسىمۇ بىراق پارتىزانلارنىڭ دوكلاتىدا 12000 مۇسۇلماننىڭ قىرغىن قىلىنغانلىقى قەيت قىلىنىدى. نەتىجىدە نامايىشچىلار پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىدە قايناپ كەتتى. فرانسىيىنىڭ قاتتىق قول سىياسىتى خەلقنى ئۆزلىرىگە قارشى بىرلەشتۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن كەڭ كۆلەملىك پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرى ئالجىرىيىنىڭ شەھەر ۋە يېزىلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن باشلىنىپ كەتتى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)